

سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا
دائىر مەجمۇئە

# نەشپۈت ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى رەسمگە قاراپ ئۇلاش ـ چاتاش تېخنىكىسى





شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى

سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا دائىر مەجمۇئە

# نەشپۈت ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى رەسىمگە قاراپ ئۇلاش ـ چاتاش تېخنىكىسى


تۈزگۈچى: مەمەت تۇردى
ئابدۇللا نۇرمۇھەممەت



شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

梨树栽培及其看图嫁接整形修剪技术/买买提·吐尔地编著. —乌鲁木齐:新疆科学技术出版社，2006.12
（建设社会主义新农村丛书）
ISBN 7-80727-477-8

Ⅰ.梨... Ⅱ.买... Ⅲ.①梨—果树园艺—维吾尔语（中国少数民族语言）②梨—嫁接—维吾尔语（中国少数民族语言）③梨—修剪—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.S661.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 162593 号

پىلانلىغۇچى: دىلشات ئابدۇكېرىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: باھارگۇل تۇداخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: گۇلباھار توختى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت

سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا دائىر مەجمۇئە
**نەشپۈت ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى رەسىمگە قاراپ**
**ئۇلاش - چاتاش تېخنىكىسى**

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850mm×1168mm 1/32 باسما تاۋىقى: 7
2006 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1~3000
ISBN 7-80727-477-8
باھاسى: 7.50 يۈەن

策　　划：迪力夏提·克力木
责任编辑：巴哈尔古丽·吐达洪
责任校对：古丽巴哈尔·托呼提
封面设计：吾不力卡斯木·艾买提

建设社会主义新农村丛书
**梨树栽培及其看图嫁接整形修剪技术**（维吾尔文）
买买提·吐尔地
阿不都拉·努尔穆罕默德　编著

新疆科学技术出版社出版
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850mm×1168mm　32开本　7印张
2006年12月第1版　2006年12月第1次印刷
印数：1～3000册

ISBN 7-80727-477-8（民文）定价：7.50元

# نەشرىياتتىن

ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چە-
قىش ئۈچۈن، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆس-
تۈرۈپ، ئۇلارنى هاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا،
مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار مەسىلىسى-
گە ئىزچىل تۈردە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ۋە بۇ مەسىلىنى پار-
تىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نىشانى قىلدى. ئاخبارات - نەشرىيات ساھەسىدى-
مۇ دېھقان - چارۋىچىلارنى ئىلىم - پەن ئارقىلىق تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ
پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، هاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى
تېزلىتىشكە ياردەم بېرىشتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى.

نەشرىياتىمىز شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا پەن -
تېخنىكا ئوقۇشلۇقلىرىنى نەشر قىلىدىغان بىردىنبىر پەن - تېخنىكا نەشرى-
ياتى بولۇپ، نەشرىيات قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە دېھقان - چار-
ۋىچىلار ئۈچۈن ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ھەر خىل ئوقۇشلۇقلارنى نەشر
قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ نەشرىياتىمىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ تۈزدۈرۈپ نەشر قىلىغان
ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئەمەلىي تېخنىكا ئوقۇشلۇقلىرى ۋە
دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشىغا دائىر كىتابلار
كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىم نەشرىياتى-
مىزدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ، تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىش، كەڭ خەلق ئاممىسىدىن پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئارزۇ - تەلەپلىرىگە ئاساسەن، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىلگىرى نەشر قىلىنغان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھەرخىل ئوقۇشلۇقلىرىنى يىغىنچاقلىغان ئاساستا، ئۇزۇن يىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئەمەلىي تەجرىبىسى مول مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەشكىللەپ، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان «سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا دائىر مەجمۇئە» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تۈزدۈرۈپ نەشر قىلدى.

بۇ كىتابلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئويلىشىلغان ئاساستا ئىخچام، ئاممىباب، ئىشلىتىلىشچانلىقى يۇقىرى، مەزمۇنى يېڭى، باھاسى ئەرزان قىلىپ تۈزۈلدى.

بۇ كىتابلارنىڭ كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشىغا بەلگىلىك ياردىمى بولىدۇ دېگەن ئۈمىددىمىز. شۇنداقتىمۇ كىتابلارنى تۈزدۈرۈش، نەشر قىلىش جەريانىدا بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. قايتا نەشرىدە تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى
2006 - يىل 11 - ئاي

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى، نەشپۈت دەرىخى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ..........1**
1. نەشپۈتنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ........................ 1
2. نەشپۈت دەرىخىنىڭ مورفولوگىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك ئالا-
ھىدىلىكى..........................................2.
3. نەشپۈت دەرىخىنىڭ تۈرلىرى .......................... 5
**ئىككىنچى، نەشپۈت دەرىخى كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش ..........12**
1. نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئۇلاق ئاستى كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش... 12
2. ياۋا ئامۇت كۆچىتىنى ئۇلاپ نەشپۈت كۆچىتى يېتىشتۈ-
رۈش.................................................19
**ئۈچىنچى، نەشپۈتلۈك باغ بەرپا قىلىش......................... 30**
1. باغ ئورنىنى پىلانلاش ۋە لايىھىلەش ........................ 30
2. نەشپۈت دەرىخىنى تىكىش تېخنىكىسى ....................... 34
**تۆتىنچى، نەشپۈتلۈك باغلارنى پەرۋىش قىلىش.................. 38**
1. تۇپراق پەرۋىشى ......................................... 38
2. نەشپۈتلۈك باغلارنى ئوغۇتلاش............................. 39
3. نەشپۈتلۈك باغلارنى سۇغىرىش ........................... 44
**بەشىنچى، نەشپۈت دەرىخىنى رەسمگە قاراپ چاتاش تېخنىكى-
سى.............................................. 46**
1. نەشپۈت دەرىخىنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاشنىڭ ئەھمىيىتى
........................................................ 46
2. شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاشقا مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ ئۆسۈش
ۋە مېۋىلەش ئالاھىدىلىكى................................. 53
3. چاتاشنىڭ ئاساسى ...................................... 61

4. چاتاشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى ........................66
5. مېۋە شاخ گۇرۇپپىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە چاتاش......... 96
6. نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاساسلىق دەرەخ شەكلى ۋە ئۇنى شەكىلگە كەلتۈرۈش جەريانى................................ 111
7. نەشپۈت دەرىخىنى ئوخشاشمايدىغان مەزگىللەردە چاتاش... 139
8. بىرنەچچە خىل ئالاھىدە دەرەخنى چاتاش................ 154
**ئالتىنچى، نەشپۈت دەرىخىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش**................................... 171
1. نەشپۈت دەرىخىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ........ 171
2. نەشپۈت دەرىخىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان زىيانداش ھاشاراتلار ............................................ 178

# بىرىنچى، نەشپۈت دەرىخى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## 1. نەشپۈتنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى

نەشپۈت دەرىخى ئازغان ئائىلىسى، نەشپۈت ئۇرۇقدىشىغا تەۋە بولۇپ، شىنجاڭدا ئەسلىي بار بولغان داڭلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى. نەشپۈتنىڭ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى كۆركەم، تەمى تاتلىق، شىرنىلىك، چۈرۈك بولغاچقا، تاكى بۈگۈنگە قەدەر شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشمەكتە.

نەشپۈتنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇنىڭ تەركىبىدە مول ئاقسىل، ئالما كىسلاتاسى، ماي، ۋىتامىن C، ۋىتامىن $B_1$، ۋىتامىن $B_2$ قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار ۋە كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىق ئېلېمېنتلار مول بولىدۇ. نەشپۈتنىڭ مېۋىسىنى بىۋاسىتە ئىستېمال قىلغاندىن سىرت، ئۇنىڭدىن نەشپۈت قېقى، نەشپۈت مۇرابباسى، نەشپۈت شەربىتى، نەشپۈت كونسېرۋاسى، نەشپۈت ھارىقى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. نەشپۈت ۋە ئۇنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلىرى باشقا ئۆلكە بازارلىرىدا ھەر يىلى سېتىلغاندىن سىرت، يەنە كۆپ مىقداردا ئېكسپورت قىلىنماقتا. نەشپۈتنىڭ دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلغاندا، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يۆتەلنى توختىتىپ، بەلغەمنى بوشىتىپ ئۆپكىنى ياشارتىدۇ، ھەمدە ھەر خىل جىگەر كېسەللىكلىرى، جىددىي ۋە ئاستا خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى، يۇقىرى قان بېسىم، گال قۇرۇش، ئېچىشىش، ئاغرىش، ئاۋازى بوغۇ-

لۇش قاتارلىق گال كېسەللىكلىرى، سىيگەكلىك قاتارلىق بۆرەك كېسەللىكلىرى؛ جىگەر قېتىشىش، باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە تورلىشىش، يۈرەك رېتىمسىزلىقى، قۇلاق غوڭۇلداش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ، ئولتۇرغۇچ نېرۋىلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە جىگەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، تەشنالىقنى قاندۇرىدۇ. نەشپۈتنىڭ سىقىلغان سۈيىنى بېھىنىڭ سىقىلغان سۈيىگە قوشۇپ ئىستېمال قىلغاندا، سۆڭەك ئاغرىش، سۈيدۈك يولى ئېچىشىپ ئاغرىش، سەپرادىن بولغان ئىچى سۈرۈش، كېزىك كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، نەشپۈت دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى قايناتىپ ئىچسە، دىئابېت كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. نەشپۈتنىڭ ئۇرۇقىنى ئېزىپ يىلان، چايان، ھەرە ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتلار چاققان، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنلارغا باسسا زەھەرنى قايتۇرىدۇ، نەشپۈتنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن چىلاننىڭ يوپۇرمىقىنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ، بوۋاسىر (گىموروي) غا چاپسا قان كېلىشنى توختىتىدۇ.

## 2. نەشپۈت دەرىخىنىڭ مورفولوگىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى

نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىر يىل ئىچىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پۈتكۈل ھاياتى جەريانىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن ئىبارەت دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەشپۈت دەرىخىنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، مۇۋاپىق تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

نەشپۈت دەرىخى يوپۇرمىقى تۆكۈلىدىغان ئېگىز غوللۇق، كۆپ يىللىق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، ئېگىزلىكى سەككىز مېتىرغا، دەرەخ

تاجىنىڭ كەڭلىكى 7 ~ 8 مېتىرغا يېتىدۇ. نەشپۈت دەرىخىنىڭ ياش تۈپلىرى ئادەتتە تىككىلىپ 5 ـ يىلى چېچەكلەيدۇ (تىككىلىپ 4 ـ، 6 ـ يىلى چېچەكلەيدىغان سورتلىرىمۇ بار). 20 ~25 يىلدا بولۇق مېۋە بېرىدۇ. يەككە تۈپىنىڭ يىللىق مو بېشى مەھسۇلاتى 150 ~200 كىلوگىرامغا يېتىدۇ، ئوبدان پەرۋىش قىلىنسا ئۇ100 يىل مېۋىلەيدۇ. نەشپۈت دەرىخىنىڭ يىللىق ئۆسۈش مەزگىلى بويىچە ئېيتقاندا، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە چېچەكلەيدۇ، 8 ـ ئاي-نىڭ بېشىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە مېۋىسى پىشىدۇ.

نەشپۈت دەرىخىنىڭ غولى كۈچلۈك بولۇپ، شاخلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئاسان قېرىمايدۇ. تەبىئىي ئۆسكەن نەشپۈت دەرىخىنىڭ مەركىزىدىكى يېتەكچى غولى قاۋۇل كېلىدۇ، ئاساسىي شېخى بىلەن يان شاخلىرى يېتىلمەيدۇ. لېكىن رەتلىك تىزىلىپ ئېنىق قەۋەت ھا-سىل قىلىدۇ. ياش نەشپۈت دەرىخى تۈپلىرىنىڭ ئۈستى قىسمى كۈچ-لۈك، ئاستى قىسمى ئاجىز ئۆسىدۇ، ئاساسىي شاخلىرىنىڭ بۇلۇڭلىرى كىچىك بولۇپ، كۆپ ھاللاردا مەركىزىي يېتەكچى غولىنى بويلاپ تەكشى ئۆسىدۇ. ئۆسۈشكە قويۇۋېتىلگەن دەرەخ تۈپلىرىنىڭ ئۇچى كۆپىنچە كۈنلۈكسىمان بولىدۇ. كۈنلۈكسىمان ئۇچىنىڭ ئاستىدىكى غولى تاقىر، ئۇچى قالايمىقان ھالەتتىكى دەرەخ تاجىنى شەكىللەندۈ-رىدۇ. نەشپۈت دەرىخىنىڭ يېتىلگۈچى شاخلىرىدىكى بىخلار كۆپىنچە يوپۇرماق بىخ بولۇپ، ئۇنىڭ بىخلىنىشى ۋە شاخلىنىشى كۈچلۈك كې-لىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇچىدىكى نەچچە تال بىختىن ئۇزۇراپ ئۆسكۈچى شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئاستى قىسىملىرىدىكى ھەرقايسى بىخلار ئوتتۇراھال مېۋە شېخى ۋە غوجىمەك يوپۇرماقلىق شاخلارنى ھاسىل قىلىدۇ. نەشپۈت دەرىخى يوشۇرۇن بىخلىرىنىڭ بىخلىنىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، مېۋە شاخلىرىنى يېڭىلاش بىر-قەدەر ئاسانغا توختايدۇ. چوڭ نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاساسىي غول



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

شاخلىرى ئۆزلۈكىدىن سۇنۇپ كەتسىمۇ 2 ~3 يىلدىن كېيىن يېڭى دەرەخ تاجىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

نەشپۈت دەرىخىنىڭ مېۋە شاخلىرىنى ئۇزۇن مېۋە شاخ (15 سانتىمېتىر)، ئوتتۇراھال مېۋە شاخ (5 ~ 15 سانتىمېتىر)، قىسقا مېۋە شاخ (بەش سانتىمېتىر) دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. قىسقا مېۋە شاخلىرى مېۋە بېرىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋە بېرىش نىسبىتى 57.12 پىرسەنت، ئوتتۇراھال مېۋە شاخلىرىنىڭ مېۋە بېرىش نىسبىتى 17.5 پىرسەنت بولىدۇ. قىسقا مېۋە شاخلىرىدا مېۋە بېرىش ئورنىدىن ئۆسۈپ چىققان قىسقا مېۋە شاخلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. تىمەن ئۆسكەن دەرەخ تۈپىنىڭ مېۋە بېرىش ئورنىدىن 1 ~ 2 تال قىسقا مېۋە شېخى چىقىدۇ. دەرەخ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، مېۋە بېرىش ئورنىدىن چىققان شاخلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىسقا مېۋە شاخلىرى بولۇپ، بىرقانچە يىلدىن كېيىن مېۋە شاخ تۈپىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ ئادەتتە قارماقسىمان شاخ دەپ ئاتىلىدۇ.

**1) نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئۆسۈش ئالاھىدىلىكى**

ياش نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئۆسۈشى كۈچلۈك، شاخ قولتۇقىنىڭ بۇلۇڭى تار بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئۈستى قىسمىنىڭ ئۆسۈشى كۈچلۈك، ئاستى قىسمىنىڭ ئۆسۈشى ئاجىز بولىدۇ. يېتىلگەن تۈپىنىڭ ئۆسۈشى ئوتتۇراھال، شاخلىرىنىڭ بۇلۇڭى كېڭىلگەن، بىخلىنىشى كۈچلۈك، شاخلىنىشى ئوتتۇراھال بولىدۇ. نەشپۈت دەرىخىنىڭ بىر يىللىق نوتىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 ~5 تال، ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 50 ~80 سانتىمېتىر بولغان يېڭى نوتا چىقىرىدۇ. يوشۇرۇن بىخنىڭ ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، 40 يىللىق قېرى دەرەخنى يېڭىلىغاندىمۇ يەنە يېڭى نوتا ھاسىل قىلالايدۇ.

**2) مېۋىلەش ئالاھىدىلىكى**

نەشپۈت كۆچىتى تىكىلگەندىن كېيىن، 4 ~5 يىلدا مېۋىگە كىرىدۇ. يېتىلگەن دەرەخلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قىسقا مېۋە شېخىدا

مېۋىلەيدۇ. ئوتتۇراھال مېۋە شېخى ۋە قولتۇقىدىكى چېچەك بىخىدىنمۇ مېۋىلەيدۇ. ئۇزۇن مېۋە شاخلىرىدا ئاز مېۋىلەيدۇ. چېچەك بىخى كۆ-پىنچە ئارىلاش بىخ بولۇپ، ھەربىر گۈل رېتىدە 7 ~8 چېچەك ئېچى-لىدۇ. چېچەكلەش تەرتىپى مەركەزدىن سىرتقا قارىتا بولىدۇ. نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئۆزىدىن چاڭلىنىپ مېۋىلەش نىسبىتى 0.5 ~ 1.5 پىر-سەنت بولىدۇ.

**3) نەشپۈت دەرىخىنىڭ ناچار مۇھىتقا تاقابىل تۇرۇشچانلىقى**

نەشپۈت دەرىخىنىڭ سوغۇققا چىدامچانلىقى ئوتتۇراھال بولۇپ، قىش پەسلى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 22 سېلسىيە گرادۇسقا چۈشكەندە چېچەك بىخلىرى ئۈششۈيدۇ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 25 سېلسىيە گرادۇسقا چۈشكەندە 1 ~2 يىللىق نوتىلىرى ئۈششۈيدۇ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 28 سېلسىيە گرادۇسقا چۈش-كەندە غولى ئۈششۈپ يېرىلىدۇ. تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 31 سېل-سىيە گرادۇسقا چۈشكەندە پۈتۈنلەي ئۈششۈپ نابۇت بولىدۇ. نەشپۈت دەرىخىنىڭ قۇرغاقچىلىققا چىداملىقى، شور ۋە ئۇنۇمسىز تۇپراققا، كې-سەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىغا تاقابىل تۇرۇشچانلى-قى بىرقەدەر كۈچلۈك، مېۋىسىنىڭ بوران ئاپىتىگە چىدامچانلىقى ناچار بولۇپ، ئاسان تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

## 3. نەشپۈت دەرىخىنىڭ تۈزۈلۈشى

نەشپۈت دەرىخى يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدىن ئىبارەت ئىككى قى-سىمدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ ئىككى قىسمنىڭ تۇتاشقان ئورنى يىلتىز بوغۇ-زى دەپ ئاتىلىدۇ.

**1) يەر ئاستى قىسمى**

نەشپۈت دەرىخىنىڭ يەر ئاستى قىسمى يىلتىز سىستېمىسىدىن ئىبا-

رەت بولۇپ، ئۇ ئوق يىلتىز، يان يىلتىز ۋە چاچما يىلتىزلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

(1) يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى. يىلتىز سىستېمىسى ئۆسۈملۈك گەۋدىسىنى تۇپراققا تۇراقلاشتۇرۇش، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈش، توشۇش، زاپاس ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

① ئوق يىلتىز: يەر ئاستىغا تىك ئۇزىراپ ئۆسكەن غول يىلتىز ئوق يىلتىز (ئاساسىي يىلتىز) دېيىلىدۇ. ئوق يىلتىز دەرەخ گەۋدىسىنى تۇپراققا تۇراقلاشتۇرۇش، تۇپراقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈش، توشۇش، زاپاس ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

② يان يىلتىز: ئوق يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىققان يىلتىزلار يان يىلتىز دېيىلىدۇ. يان يىلتىزلار دەرەخ گەۋدىسىنى تۇپراققا تۇراقلاشتۇرۇش، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى توشۇش، زاپاس ساقلاش قاتارلىق رولللارنى ئوينايدۇ.

③ چاچما يىلتىز: ئوق يىلتىز ۋە ھەر دەرىجىلىك يان يىلتىزلاردىن ئۆسۈپ چىققان ئۇششاق يىلتىزلار چاچما يىلتىز دېيىلىدۇ. چاچما يىلتىزلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ، ئاسان نابۇت بولىدۇ. چاچما يىلتىزلار ئاساسلىقى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈش، توشۇش ھەمدە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى بىرىكتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

(2) يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تۇپراقتا تارقىلىشى. نەشپۈت دەرىخىنىڭ يىلتىز سىستېمىسى تۇپراقتا تىك ۋە گورىزونتال ھالەتتە تارقىلىدۇ. يىلتىزنىڭ تۇپراقتا تىك جايلاشقىنى تىك تارقىلىش، تۇپراقتا پاراللېل ھالدا جايلاشقىنى گورىزونتال تارقىلىش دېيىلىدۇ. گورىزونتال يىلتىزنىڭ تارقىلىشى كۆچەت مەزگىلىدە دەرەخ تاجىنىڭ 5 ~6 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ؛ نەشپۈت دەرىخى بولۇق مېۋە بېرىش مەزگىلىدە يىلتىز سىستېمىسى دەرەخ غولىدىن 1 ~1.5 مېتىر دائىرىدە

10 ~30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق قاتلىمىغا، دەرەخ غولىدىن ئۈچ مېتىر يىراقلىقتىكى دائىرىدە يەر يۈزىدىن 20 ~50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق قاتلىمىغا تارقىلىدۇ. دەرەخ تاجىنىڭ سايىسى چۈشكەن دائىرە ئىچىدە 10 ~50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق قاتلىمىدا چاچما يىلتىزلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

**2) يەر ئۈستى قىسمى**

نەشپۈت دەرىخىنىڭ يەر ئۈستى قىسمى غول، شاخ، يوپۇرماق، بىخ ۋە مېۋىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەشپۈت دەرىخىنىڭ يەر ئۈستى قىسمىنى تەپسىلىيرەك بايان قىلغاندا، ئۇ دەرەخ غولى ۋە دەرەخ تاجىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

(1) دەرەخ غولى. دەرەخ غولى دېگىنىمىز، دەرەخ گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرا ئوقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئاساسىي غول بىلەن مەركىزىي غولدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

① ئاساسىي غول: يىلتىز بوغۇزىدىن (يەر يۈزىدىن) بىرىنچى ئاساسىي شاخقىچە بولغان مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى دەرەخ غولى ئاساسىي غول دەپ ئاتىلىدۇ.

② مەركىزىي غول (مەركىزىي يېتەكچى غول): بىرىنچى ئاساسىي شاختىن باشلاپ دەرەخنىڭ ئۇچىغىچە بولغان مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى دەرەخ غولى مەركىزىي غول دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) دەرەخ تاجى. ئاساسىي غولنىڭ ئۈستىدىكى غولنىڭ تەكرار شاخلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئومۇمىي گەۋدە دەرەخ تاجى دەپ ئاتىلىدۇ. دەرەخ تاجى تايانچ شاخ، شاخ گۇرۇپپىسى، قوشۇمچە تەربىيىلىنىدىغان شاخ ۋە يوپۇرماقتىن تەركىب تاپىدۇ.

(3) نەشپۈت دەرىخىنىڭ شېخى.

① تايانچى شاخ: دەرەخ تاجى ئىچىدىكى بىرقەدەر توم ۋە چوڭراق ئۆسكەن ھەممە تىرەكلىك رول ئوينايدىغان شاخلار تايانچى شاخ دەپ

ئاتىلىدۇ. تايانچى شاخ ئاساسەن مەركىزىي غول، ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخ قاتارلىق دەرەخ تاجىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تۈزىدىغان مەڭگۈلۈك شاخلارنى كۆرسىتىدۇ.

② ئاساسىي شاخ: دەرەخ غولىدىن بىۋاسىتە ئۆسكەن مەڭگۈلۈك تايانچى شاخلار ئاساسىي شاخ دەپ ئاتىلىدۇ.

③ يان شاخ: ئاساسىي شاختىن ئۆسكەن تايانچى شاخلار يان شاخ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاساسىي شاخ مەركىزىي غول (مەركىزىي يېتەكچى غول) غا مەنسۇپ، يان شاخ ئاساسىي شاخقا مەنسۇپ بولىدۇ.

④ ئۇزارغۇچى شاخ: مەركىزىي غول، ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخ قاتارلىق تايانچى شاخلارنىڭ ئۇچىدىكى باش بولۇپ تۇرغان بىر يىللىق شاخلار ئۇزارغۇچى شاخ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇزارغۇچى شاخلار يىلمۇ يىل سىرتقا قارىتا ئۇزىراپ ئۆسۈپ، دەرەخ تاجىنى تەدرىجىي كېڭەيتىدۇ.

⑤ قوشۇمچە تەربىيىلىنىدىغان شاخ: مەڭگۈلۈك ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخلار تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋاقىتىنچە قالدۇرۇلۇپ قوشۇمچە تەربىيىلىنىدىغان ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنى قوشۇمچە تەربىيىلىنىدىغان شاخ ۋاقىتلىق شاخ بولۇپ، كۆچەت مەزگىلىدە ئۇنىڭدىكى يوپۇرماقلاردىن پايدىلىنىپ ئوزۇقلۇق ماددا ياسىلىپ، ياش كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە شەكىل ھاسىل قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلاردىن بالدۇر ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. دەرەخ يېتىلگەندىن كېيىن ئېھتىياجغا قاراپ ئۆزگەرتىلىدۇ ياكى كېسىپ تاشلىنىدۇ.

⑥ شاخ گۇرۇپپىسى: ھەر دەرىجىلىك تايانچى شاخلاردا ئۆسكەن كىچىك شاخ توپى شاخ گۇرۇپپىسى دەپ ئاتىلىدۇ. شاخ گۇرۇپپىسى ئىچىدە مېۋە شاخمۇ، ئۆسكۈنچى شاخمۇ بولىدۇ. شاخ گۇرۇپپىسى —

يوپۇرماق ئۆسىدىغان، چېچەك بىخ شەكىللىنىدىغان ۋە چېچەكلەپ مېۋە بېرىدىغان شاخلارنى كۆرسىتىدۇ.

شاخ گۇرۇپپىسىنى چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ كىچىك شاخ گۇرۇپپىسى، ئوتتۇرا شاخ گۇرۇپپىسى ۋە چوڭ شاخ گۇرۇپپىسى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

⑦ ئۆسكۈچى شاخ: شاختا پەقەت يوپۇرماق بىخىلا ئۆسكەن بولسا، بۇ خىل شاخلار ئۆسكۈچى شاخ دەپ ئاتىلىدۇ.

⑧ مېۋە شاخ: چېچەك بىخى ئۆسكەن شاخلار، يەنى چېچەك بىخى چىقىرىپ مېۋە بېرىدىغان شۇ يىللىق شاخلار مېۋە شاخ دەپ ئاتىلىدۇ.

مېۋە شاخ ئۇزۇن، ئوتتۇراھال، قىسقا مېۋە شاخ دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ.

مېۋە شاخ گۇرۇپپىسى: ھەر دەرىجىلىك تايانچى ئاساسىي شاخ ۋە تارماق شاخلاردىن شەكىللەنگەن شاخ مېۋە شاخ گۇرۇپپىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق شاخ ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇنلىرى 5 ~6 سانتىمېتىر كېلىدۇ. توپلىشىپ جايلىشىدۇ. بۇ شاخلارمۇ ئۇزۇن، ئوتتۇراھال، قىسقا مېۋە شاخ گۇرۇپپىسى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. چوڭراق گۇرۇپپىدا 15 تال، ئوتتۇراھال گۇرۇپپىدا 5 ~10 تال، كىچىك گۇرۇپپىدا 2 ~5 تال شاخ ئۆسىدۇ، ھەر يىلى مېۋىلەيدۇ.

⑨ بويىغا ئۆسكەن شاخ (ياۋا شاخ): شۇ يىلى تىك ئۆسكەن شاخ بويىغا ئۆسكەن شاخ دەپ ئاتىلىدۇ.

⑩ رىقابەتچى شاخ: رىقابەتلىشىپ ئۆسكەن بولسا، بۇ رىقابەتچى شاخ دەپ ئاتىلىدۇ.

⑪ ئالمىشىپ ئۆسكەن شاخ: بىر- بىرىگە مىنگىشىپ، ئالمىشىپ ئۆسكەن شاخلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑫ قامچىسىمان شاخ: شۇ يىلى پەسكە ساڭگىلاپ قامچىغا ئوخشاش



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com